# دۇنيا ئەيدىز كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن

مەمەت ئىمىن

ئەيدىز كىسىلىدىن قانداق ساقلىنىش توغۇرسىدىكى ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كەڭ كولەمدە تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى  ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىنى دۇنيا ئەيدىز كۈنى قىلىپ بىكىتكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئەيدىز كىسىلىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى دىققىتىڭلارغە سۇنماقچىمەن.

ئەيدىز كىسىلى 1981-يىلى تۇنجى قىتىم بايقالغاندىن 2007-يىلىغا قەدەر بولغان 26-يىل ئىچىدە پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 65 مىلييۇندىن ئارتۇق كىشى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى يەنى HIV بىلەن يۇقۇملانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 25 مىلييۇندىن ئارتۇق كىشى ئەيدىز كىسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. مۇتەخەسسەلەرنىڭ مولچەرلىشىچە كىيىنكى 25 يىل ئىچىدە يەنە 25 مىلييۇن كىشى ئەيدىز كىسىلى بىلەن ئۆلەپ كىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

1985-يىلى جۇڭگودا تۇنجى قىتىملىق ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن تاكى 2007-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرغىچە، پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 218107 يەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە 58893 كىشى ئەيدىز كىسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، جەمى 19258 ئادەم ئەيدىز كىسىلى تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان. (بەيجىڭ گىزىتى تور بىتىنىڭ 2007-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى خەۋىرىگە قاراڭ).

پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ مولچەردىكى سانىنى ھوكۇمەت 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 840 مىڭ دەپ ئىلان قىلىپ كەلگەن بولسا، 2005-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 650 مىڭ دەپ ئىلان قىلغان، بىراق كوپۈنچە كىشلەر ھازىر پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار سانىنى 1 مىلييۇن بىلەن 2 مىلييۇن ئارىلىقىدا دەپ مولچەرلىمەكتە.

1995-يىلى ئۇيغۇر ئىلىدە تۇنجى قىتىملىق ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن ھازىرغا قەدەر بولغان قىسقىغىنا 12 يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى ئادەمنى چوچۇتكىدەك سۈرەت بىلەن كوپىيىپ، 2007-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە پۈتۈن ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى 20 مىڭ 890 گە يەتكەن. (شىنجىئاڭ خەۋەر تورىنىڭ 2007-يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قاراڭ).

## ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ تىزىملىكتىكى سانى






پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ مۆلچەردىكى سانىنى 2004-يىلى 5-ئايدىن بۇيان ھۆكۈمەت 60 مىڭ دەپ ئېلان قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مېنىڭ پەرەزىمچە ئۆزىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلمىگەن ۋە ياكى ھۆكۈمەت تەكشۈرۈشىگە كىرمىگەنلەرنىڭ سانى يۇقارقى تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ سانىدىن 5، 6 ھەسسە يۇقۇرى بولۇشى، يەنى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئەمەلى سانى 100 مىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىگى جەھەتتە جۇڭگودا 4-ئورۇندا تۇرىسىمۇ، بىراق بۇ سانىنى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ نوپۇسى بىلەن نىسبەتلەشتۈرگەندە، پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسا كېرەك.

ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى پۈتۈن جۇڭگو نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 2% ئىگەللەيدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئومۇمى سانى پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ئومۇمى سانىنىڭ تەخمىنەن 10% تەشكىل قىلاغان. بۇ دىگەنلىك ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرچە ئەھۋالىدىن 5 ھەسسە ئارتۇق دىگەنلىك.

ئۇنداقتا نىمە سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئېلىدە ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە تېز كۆپىيىپ كەتتى؟

بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقاش ۋاستىلىرىگە قارىشىمىز كېرەك. خەلقارادا، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسىنىڭ تارقاش ۋاستىسى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، بىراق كۆپىنچىسى جىنسىي مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى، زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش، ئاپىدىن بالىغا يۇقۇش، قان سېلىش ۋە قان ئېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق تارقايدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ 80% ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ياشلار زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرىۋالغان. قالغانلىرى بولسا جىنسى مۇناسىۋەت، قان سېلىش، قان ئېلىش، ئاپىدىن بالىغا يۇقۇش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرىۋالغان.

يېقىندىن بۇيانقى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ئاياللار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى تېز ئېشىپ، ئاندىن بالىغا يۇقۇش ئەھۋالىمۇ كۆپەيمەكتە. ئۇندىن باشقا جىنسى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار سانىمۇ بۇرۇنقىدىن كوپەيمەكتە.

## ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەيدىز يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ تېز كۆپىيىشىدىكى سەۋەپلىرى

ئۇيغۇر ئېلىدىكى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ تېز كۆپىيىشىنىڭ سەۋەپلىرى ناھايىتى كوپ ۋە مۇرەك بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى توۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1- هوكۇمەتنىڭ ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىز مەسىلىسىگە يېتەرلىك كوڭۈل بولمەسلىكى ۋە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. ئۇيغۇر ئىلىدىكى تۇنجى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى گەرچە 1995-يىلى بايقالغان بولسىمۇ، بىراق هوكۇمەت تاكى 2000-يىللارغا قەدەر بۇ جەھەتتە خەۋەر قىلمىغان، ھەم شۇنداقلا ئەيدىز كىسىلىنىڭ ئالدىنى ئىلىش جەھەتتە ئالاھىدە مەبلەخ سىلىش، تەشۋىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىلىپ بارمىغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەشۋىقات ماتىرىياللىرى ناھايىتى كەم بولغان.

باتەس گىلىل ۋە سوڭ گاڭىنىڭ <<شىنجاڭدىكى ئەيدىز>> دىگەن ماقالىسىدا جۇڭگو هوكۇمىتىنىڭ تاكى يىقىنقى يىللارغا قەدەر ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىز كىسىلىنىڭ ئالدىنىش ئىلىشى ئۇچۇن يۇقۇرى دەرىجىدە ئەخمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە كەڭ كولەمدە ئىختىزادى مەبلەخ سالمىغانلىقى دوكلات قىلىنغان.

2-ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىز كىسىلىنىڭ ئالدىنى ئىلىش خىزمىتىگە يېتەرلىك ئىختىزادى مەخلەخ سالماسلىق، ياكى سىلىنغان مەبلەخنىڭ جاھىدا ئىشلىتىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئىلىش خىزمىتى يېتەرلىك بولماسلىق، ياكى ئۈنىمى بولماسلىق. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئىلىدىكى ۋە ئۇيغۇر ئارىسىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تىز سۈرەت بىلەن كوپىيىش.

2007-يىلى 1-ئاينىڭ 23-كۈنى تەڭرى تاغ تور بىتىدە ئىلان قىلىنغان بىر ماقالىدا ئىختىزادنىڭ كەملىكىدىن ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئىلىش خىزمىتىنىڭ قىيىنچىلىققا
ئۇچراۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر ئىلىدىكى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئىلىش خىزمىتى ئۈچۈن ھەر يىلى ئەڭ توۋەن مولچەردە 400 مىلىيون خەلق پۇلىنىڭ كىرەكلىگى، گەرچە هوكۇمەت مەبلەخ سالغان

بولسمۇ، بىراق 80% يىقىن ناھىلەردە ئىختىزادى سەۋەپ تۈپەيلىدىن ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئەستەلەرنىڭ بولمىغانلىقى دوكىلات قىلىنغان.

3- قانۇن تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، بەزى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە قانۇننىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنماسلىقى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك قانۇندا زەھەرلىك چېكىملىكنى ئېلىپ سېتىش ۋە پاھىشە بىلەن شۇغۇللىنىشنى قانۇنسىز دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ تىغىشلىك قانۇني جاۋابكارلىققا تارتىلماسلىقى ۋە شۇنداقلا زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ كۈنسايىن كوپىيىشى، پاھىشلىق ئىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك كونتۇرۇل قىلىنماسلىقى، ھازىر پۈتۈن جۇڭگودا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدا ئەڭ ئىغىر بولىۋاتقان ئىجتىمايى مەسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ كولەمدە تارقىلىشىغا ئاساسى سەۋەپلىرىنىڭ بىرى بولماقتا.

باتەس گىلل (Bates Gill) ۋە سوڭ گاڭ (宋钢) نىڭ <<شىنجاڭدىكى ئەيدىز>> دىگەن ماقالىسىدا بايان قىلىشىچە 2005-يىلى پۈتۈن جۇڭگودىكى تىزىمگە ئېلىنغان زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى 1.16 مىلىيۇن بولۇپ، 2004-يىلىغا نىسبەتەن 100 مىڭ ئادەم كوپەيگەن. ئۇيغۇر ئېلىدە بولسا تىزىمغا ئېلىنغان زەگەر چەككۈچىلەرنىڭ سانى 25664 يەتكەن، ئەملى سان 180 مىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ 69.5 % زەھەرنى بىلەكتىن ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 61.2% بىر يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىدىكەن.

بۇ ماقلىدا 2005-يىلى پۈتۈن جۇڭگودا تەخمىنەن 5 مىلىيۇن ئادەمنىڭ پاھىشلىق كەسسىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 127 مىڭ ئادەمنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى دوكىلات قىلىنغان.

4- ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۇراقسىز كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشى. ھوكۇمەتنىڭ پىلانلىق ۋە پىلانسىز كوچمەن يوتكەش ۋە غەرىپنى ئېچىش سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە كوپلىگەن كوچمەنلەر ئۇيغۇر ئېلىغا ئېقىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ كىشلەرنىڭ تۇرمۇش، تۇرالغۇ جاي، ۋە ئىختىزادى كىرىم، كىسەل كوئۇرۇنۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۇراقسىزلىقى، ۋە ئۇلارغا بولغان باشقۇرۇشنىڭ سىستىملاشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قىيىنلىشىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تارقىلىش ئەھۋاللى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن ۋە تېز بولغان.

باتەس گىلل ۋە سوڭ گاڭنىڭ <<شىنجاڭدىكى ئەيدىز>> دىگەن ماقالىسىدا جۇڭگودىكى كوچمەنلەر سانى 1995-يىلى 53.5 مىلىيۇن بولغان بولسا، 2004-يىلىغا كەلگەندە 140

مىليونغا يەتكەنلىگى، 2020-يىلىغا بارغاندا 300 ~ 500 مىليون ئارىلىقىدا بولىدىغانلىغى دوكلات قىلىنغان. ئىچكىردىن ئۇيغۇر ئېلىغا كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ هۆكۈمەت ستاتىستىكىسىدىكى سانى 1995-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە 2.5 مىليون بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئومۇمى سانى 5، 6 مىليونغا يەتكەن. ئۇنىدىن باشقا هەر يىلى تەخمىنەن 600 مىڭ ۋاقىتلىق كۆچمەن ئۇيغۇر ئېلىغا پاختا يىغىۋېلىش ئۈچۈن كېلىدىكەن.

5- ئىختىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشسىزلىق مەسىلىسىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشى ۋە باي-كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ چوڭىيىشى. بۇ نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىكنى ئېلىپ سېتىش ۋە پاھىشە بىلەن شۇغۇللۇنۇشتەك هەر خىل قانۇنسىز ئىشلارنى ئوزكەسىپكە ئايلاندۇرىۋالغان.

6- كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت ۋە دىنىي ئېتىقاد ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەنلىشى، ياشلار ئارىسىدىكى ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيەنىڭ كەم بولۇشى ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشى.

7- ياشلارنىڭ جەمىيەتكە ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىشىشى ۋە ئۈمىدسىزلىكى، بولۇپمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ياشلارنىڭ جەمىيەتكە بولغان غەزەپ نەپرىتىنى چىقىرىش ئۈچۈن، جىنايى يوللارغا مېڭىپ، باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلىشى.

8- ئاتا-ئانىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيەسىنىڭ ئاجىزلىشى، ئەنەنىۋى ئاتا- ئانا ۋە بالا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سۇسلىشىشى، ئاتا ئانىلارنىڭ بوپلۇپمۇ ياش ئاتا ئانىلارنىڭ كوپۈنچە ۋاختىنى خىزمەت ۋە ئىجتىمايى پالىيەتلەرگە سەرىپ قىلىپ كىتىپ، باللارغا سەرىپ قىلىدىغان ۋاختىنىڭ كۈنسايىن ئازلاپ كىتىش، باللارنىڭ نىمە ئويلاپ، نىمە قىلىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى.

9- كىشىلەرنىڭ جەھەرلىك چېكىملىكنىڭ، ئەيدىز كىسىلىنىڭ شەخسكە، ئائىلىگە ۋە جەمىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىغا بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىشى.

10- مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ ئەيدىز كېسىلى توغرىسىدا هېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسلىكى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ قانداق تارقايدىغانلىقىدىن، شەخس، ئائىلە، جەمىيەتكە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن هېچقانداق خەۋەرسىزلىكى، ئۆلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قوغداشنى بىلمەسلىكىدىن.

## قانداق قىلغاندا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ؟

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشتا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە تېز تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ۋە پاھىشىۋازلىقنى نۇقتىلىق قىلىپ كونترول قىلىش ۋە تۆۋەندىكى ئۇسۇل تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1. تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش ۋە بارلىق ئۈنۈملۈك ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللىنىپ، پۈتۈن خەلقنى ئەيدىز كېسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلاردىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ھوكۇمەت بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مەبلەغ سېلىشى، گۇمانلىق كىشىلەرنى ھەقسىز تەكشۈرۈپ، ۋە بىر تۇتاش داۋالاش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى كىرەك.

2. ھۆكۈمەت قانۇنىي تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە ساغلاملاشتۇرۇشى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى چىرىكلىكنى تۈگىتىش، زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق جازالىشى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ جەمئىيەتتە يامراپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلىشى كېرەك.

3. زەھەر چەككۈچىلەرگە ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق، كونترول قىلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زەھەردىن بالدۇرراق قول ئۈزۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

4. زەھەر چەككۈچىلەر ئارىسىدا بىر يىڭنىنى ئورتاق ئىشلىتىشنىڭ زىيىنىنى ۋە خەتىرىنى تەشۋىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ تازىلىق ئىگنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

5. پاھىشە ئىشلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا ئۆزىنى قوغداش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ھەر بىر ئەر ئايال ئۆز ئائىلىسىگە سادىق بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق پەزىلىتىمىز ۋە دىنىي ئېتىقادىمىز بويىچە ئىش قىلىشىمىز كىرەك.

6. باي-كەمبەغەللىك پەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، خىزمەت پۇرسىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كوچمەنلەرنى مۇھاپىق كونتۇرۇل قىلىش كىرەك.

7. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پەزىلەت ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دىنىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى ۋە كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەسچىت ۋە دىنىي سورۇنلاردا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش

كېرەك.

8. مەكتەپلەردە مەيلى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسۇن، زەھەرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى تەشۋىق قىلىش، بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك.

9. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىشى، بالىلىرىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلار بىلەن بولغان ھېسسىياتنى كۈچەيتىشى ۋە ئۆزئارا ئىشەنچ پەيدا قىلىش كېرەك. شۇنداقلا بالام تېخى كىچىك، زەھەر دېگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ دېمەي، 5 يىل 10 يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆزدە تۇتۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ تەربىيەنى كۈچايتىش كېرەك.

ھەممىزگە مەلۇم، بالىلارغا بولغان تەربىيەنى قانچە كىچىك باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ، بالا چوڭايغانسىرى باشقىلارنىڭ تەربىيەسىنى ئانچە ئاڭلىمايدىغان، ئۆزى ئويلىغان بويىچە ئىش قىلىدىغان بولىدۇ. كوپۈنچە ئاتا ئانىلار بالىلىرىنىڭ يېشىنى تىخى كىچىك دەپ قاراپ، ئەيدىز كىسىلى ۋە ياكى زەھەرلىك چېكىملىك توغۇرسىدا بالىلىرىغا ئۇنچە كوپ سوزلەپ كەتمەيدۇ، بۇ جەھەتتە بارلىرىغا كىچىك ۋاختىدىن باشلاپ تەربىيە ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇ بالىلار ئوسۇپ يېتىلىپ، مەلۇم ياشقا بارغاندا، باشقىلارنىڭ تەربىيەسىنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەيدۇ، ۋە ئاسانلا يامان ئادەملەرنىڭ ئازقىسىغا كىرىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە پاھىشە ئىشلىرىغا چېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەيدىز كىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەر بىر ئاتىتا ئانا ئوز ئاھىلىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە دەپ قاراپ، بۇ جەھەتتە بالىلارغا كىچىگىدىن باشلاپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئۇمۇت قىلىمەن. بالىلار مىللەتنىڭ كەلگۈسى. بىز ئۇلارنىڭ روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ساغلام ئوسۇم يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن ئۇلار مىللەتنىڭ ھەقىقى كەلگۇسى بولالايدۇ

10. پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىنسان بۇ ئىشقا بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى ۋە ئۇنىنغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

## ئەيدىز كېسىلى (AIDS) ۋە HIV غا مۇناسىۋەتلىك كۆپ سورىلىدىغان سوئاللار

1. AIDS  بىلەن HIV نىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى بار؟

AIDS دېگەن سۆز ئىنگلىزچىدىكى "Acquired Immune Deficiency Syndrome" (获得性免疫功能丧失综合症)  دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، "ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممونىتېت كۈچى زەخىملىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر

توپلمى" دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

HIV دېگەن سۆز بولسا ئىنگلىزچىدىكى "Human Immunodeficiency Virus" (人体免疫缺损病毒) دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، "ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممونىتېت كۈچىنى زەخىملەندۈرگۈچ ۋىرۇسى" دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

HIV ۋىرۇسى ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دۆلەتلەردە ياشايدىغان بىر خىل ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بەدىنىدە نورمال ياشاۋاتقانلىقىغا بىرنەچچە مىڭ يىل بولغان بولۇپ، بۇ خىل ھايۋان بەدىنىدە كېسەل پەيدا قىلمايدۇ.

ئادەم بەدىنى HIV بىلەن يۇقۇملىنىپ، 1 ~ 12 يىللىق يوشۇرۇن مەزگىلنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئەيدىز كېسىلى (AIDS) گە تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى HIV بولسا ئەيدىز كېسلى (AIDS) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ۋىرۇس، يەنى ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسى (艾滋病病毒).

2. ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسى ئاساسلىقى قانداق يوللار ئارقىلىق كىشلەر ئارىسىدا تارقايدۇ؟

ئەيدىز كېسلى ئاساسلىقى قان ( زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇ ش، قان سىلىش، بۇلغانغان يىڭنە بىلەن ئوكۇل ئۇرۇش) ، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئانىدىن بالىغا يۇقۇشتەك ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشلەر ئارىسىدا تارقايدۇ.

3. ئادەم بەدىنىدىكى قايسى سۇيۇقلۇقلاردا ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسى بولىدۇ؟

قاندا، ئەرلەرنىڭ مەنىيسىدە، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزا سۇيۇقلۇقىدا ۋە سۈتىدە ئەيدىز كېسلى ۋىرۇسى بولىدۇ. تەردە، ئېغىز سۇيۇقلۇقى ياكى شۆلگەيدە، چوڭ كىچىك تەرەتتە، كۆز يېشىدا ئادەتتە ئەيدىز كىزىلى ۋىرۇسى بولمايدۇ.

4. قانداق كىشلەرنىڭ ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ؟

زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقا ئادەتلەنگەن كىشلەر، ئوكۇل ئۇرۇشتا بىر يىڭنىنى ئورتاق ئىشلەتكەن ياكى كۆپ قېتىم قايتا-قايتا ئىشلەتكەن كىشلەر، كۆپ جىنسىي ھەمراھى بار كىشلەر ياكى باشقىلار بىلەن قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغان كىشلەر، كۆپ قېتىم قان سالدۇرغان ياكى قان ئالغان كىشلەر، لاياقەتسىز دوختۇرخانىلاردا ئوكۇل ئۇردۇرغان، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان ۋە ياكى بەدەننى مەلۇم جەھەتتە زەخمە قىلىدىغان بەزى تەكشۈرتكەن ۋە

داۋالاتقان كىشىلەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

5. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن دەسلەپتە يۇقۇملانغاندا قانداق ئالامەتلەر بولىدۇ؟

ئادەم ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن دەسلەپتە يۇقۇملانغاندا، كۆپىنچە كىشىلەردە كۆپ ئالامەتلەر بولمايدۇ، بەزى كىشىلەردە قىزىش، بېشى ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش، بىئارام بولۇش، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەش قاتارلىق زۇكامدا بولىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بىراق بۇ خىل ئالامەتلەر 2~4 ھەپتىلا داۋام قىلىپ يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ھېچقانداق ئالامەت بولمايدۇ، بۇ ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

6. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولامدۇ؟

ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەڭ ئاخىرىدا ئەيدىز كېسىلىگە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى ئادەم بەدىنىگە كىرگەنىدىن كېيىن ھۈجەيرە ئىچىگە ئورۇنلىشىدۇ ۋە ھۈجەيرە ئىچىدە كۆپىيىپ قانغا كىرىدۇ. ھازىر بار بولغان ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسىغا قارشى دورىلار پەقەت قاندىكى ۋىرۇسنى ئۆلتۈرىدىغان بولۇپ، ھۈجەيرە ئىچىدىكى ۋىرۇسنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى ھۈجەيرە ئىچىدە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، قانغا چىقىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە داۋالاتقان كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە تەررەققىي قىلىشى ئاستا بولىدۇ، ئۆمرى داۋالاتمىغانلارغا نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ، بىراق ھامان ئەيدىز كېسىلىگە تەرەققىي قىلىدۇ.

7. ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى ئادەتتە قانچە يىل بولىدۇ؟

ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى دېگىنىمىز ئادەم بەدىنى ئەيدىز كېسلى ۋىرۇسى بىلەن تۇنجى يۇقۇملىنىپ تا ئەيدىز كېسىلىگە تەرەققى قىلغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت بولۇپ، ئادەتتە 1 يىلدىن 12 يىلغىچە ئوخشاش بولمايدۇ، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ 3~5 يىلغىچە بولىدۇ. ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، كىشىلەرنىڭ يېشى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسنى قانداق يۇقتۇرۇۋالغانلىقى، داۋالىتىش ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسىغا يۇقۇملانغاندىن كېيىن ھېچقانداق داۋالاش ئېلىپ بارمىغان كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى قىسقا بولىدۇ، ئۆمۈرى قىسقا بولىدۇ.

8. ئەيدىز كېسىلىنىڭ قانداق ئالامەتلىرى بولىدۇ؟

ئادەم بەدىنى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، 1 ~ 12 يىللىق يوشۇرۇن مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ۋىرۇس بەدەندە تېزدىن كۆپىيىپ، ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىمگە ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بەدىنى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، بۇ بىمارنىڭ ئەيدىز كېسىلى باسقۇچىغا رەسمى قەدەم باسقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا، بەدەنىنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ھەرقانداق كېسەلدە بولىدىغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەت كونترول قىلىش قىيىن بولغان قىزىش، ئورۇقلاش، نەمەلۇم ئۆسمە قاتارلىقلار.

## 9. ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟

1981-يىلى تېببىي ئالىملار تۇنجى قېتىم ئەيدىز كېسىلىنى بايقىغاندا، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كۆپىنچە كېسەللەر بىر-ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ھازىر، ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسىنى كونترول قىلىشتا ۋە ئۇنىڭدىن ئەيدىز كېسىلىگە تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا نۇرغۇن يېڭى دورىلار دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇنلىغان كېسەللەر خېلى ئۇزۇن ياشاۋاتىدۇ. بىراق، ئەيدىز كېسىلى يەنىلا جاننى ئالىدىغان كېسەل ھېسابلىنىدۇ. ھازىرچە ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا 5 يىل ياشاۋاتىدۇ، بىراق بۇ سان داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

## 10. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ياشلارغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قان ئېلىش، ئوكۇل ئۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشلەردە، ئىمكان بار بىرلا قېتىم ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەر-ئايال بىر-بىرىگە سادىق بولۇشى، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى قوغداش ۋاستىسى قوللىنىش كېرەك. ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئەر-ئايال، ۋاقتىدا تەكشۈرتۈش كېرەك، ئەگەر ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى بايقالسا، ئەڭ ياخشىسى بالىلىق بولماسلىق كېرەك. ئەگەر ئىمىۋاتقان بالىسى بار ئايالنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى بولسا، ياكى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، بالىسىنى ئېمىتمەسلىك كېرەك.

**11. زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئەيدىز كېسىلىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

**زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئەيدىز كېسىلىنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق، بىراق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ئۆگىنىپ قالغانلار، كېيىنچە زەھەرلىك چېكىملىكنى نەپەس يولى ئارقىلىق ئىستېمال قىلىشتىن تومۇرغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىستېمال قىلغۇچىلار بىر يىڭنىنى ئورتاق ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەيدىز كىسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر رايونىدا بايقالغان ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقملانغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 88.60% زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرىۋالغان.**

**12. ئەيدىز كسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئايالنىڭ بالا تۇغۇشى خەتەرلىكمۇ؟**

**ئەلۋەتتە خەتەرلىك. ئەيدىز كسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئايال باللىق بولغاندا، يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ ھەممىسى ئەيدىز كسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشى ناتايىن، بىراق، ئەيدىز كسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېمىتىشنىڭ ئۆزىمۇ خەتەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغا قەدەر ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۈنۈملۈك داۋاسى بولمىغاچقا، بالىنىڭ بالاغەتكە يەتمەيلا يېتىم بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار، شۇڭا، ئەيدىز كسلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئايال ئەڭ ياخشىسى باللىق بولماسلىق كېرەك.**

**پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى تەخمىنەن 2 مىليون 400 مىڭ ئايال ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بولۇپ، تەخمىنەن 800 مىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.**

**13. ئەيدىز يېتىملىرى دىگەن نىمە؟ ھازىر دۇنيادا قانچىلىك ئەيدىز يېتىملىرى بار؟**

**ئەيدىز يېتىملىرى دېگىنىمىزدە ئاساسلىقى ئاتا-ئانىسى ئەيدىز كېسىلى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان بالىلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.**

**14. قان سېلىش خەتەرلىكمۇ؟**

**ئەيدىز كېسىلى تارقىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، نۇرغۇن كىشىلەر قان سېلىش ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان بولۇپ، ھازىر قان تەقدىم قىلغۇچىلارغا سىستېمىلىق تەكشۈرۈلىدىغان بولغاچقا، قان سېلىش ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى**

كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن. شۇنداقتىمۇ تۆۋەن دەرىجىدىكى بىرىنەچچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە خەتىرى بار. (1) شارائىتى ناچار رايونلاردا، بولۇپمۇ بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردا قان تەقدىم قىلغۇچىلارغا تەلەپ يۇقىرى ئەمەس. ئۇلار سىستېمىلىق تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان قان باشقىلارغا سېلىنىپ قىلىشى مۇمكىن. (2) ئەگەر قان تەقدىم قىلغۇچى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغىلى 3 ئاي بولمىغان بولسا تەكشۈرۈشتە ئەيدىز ۋىرۇسى يالغان ئىنكار قىلىنىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلغۇچى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. (3) قاننى ئېلىش، بىر تەرەپ قىلىش، توشۇش ۋە كېسەلگە سېلىش جەريانىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن بۇلغىنىش.

15. ئەگەر مەكتەپتە باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بولسا ياكى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، مېنىڭ بالامغا يۇقامدۇ؟

ياق، يۇقمايدۇ. ئادەتتىكى نورمال ئۇچرىشىش، مەيلى ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، خەتىرى يوق. بۇ خىلدىكى ئۇچرىشىش بارلىق كوللېكتىپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

16. ئەگەر رېستۇراندا تاماق ئەتكۈچى ئاشپەز ياكى كۈتكۈچى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ياكى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، مەن ئۇ رېستۇراندا تاماق يېسەم خەتەرلىكمۇ؟

ياق، خەتەرلىك ئەمەس. رېستۇراندا تاماق يېيىش ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى ئاشۇرمايدۇ. هازىرغا قەدەر ئەيدىز ۋىرۇسى نىڭ تاماقتىن يۇققانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىسپات يوق.

17. ئەگەر بەدىنىم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانسا، مەن چوقۇم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىمەنمۇ؟

ئەگەر بەدىنىڭىزدە ھېچقانداق زەخمە بولغان جاي بولمىسا، سىز ئادەتتە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانمايسىز، بىراق شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلىڭ.

18. چىش چوتكىسى، ساقال ئالغۇچ قاتارلىق شەھسىي بۇيۇملىرىمنى چوقۇم باشقىلاردىن ئايرىم ئىشلىتىشىم كېرەكمۇ؟

ئەلۋەتتە شۇنداق. بۇ بۇيۇملار قان بىلەن بۇلغىنىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ ئەيدىز ۋىرۇسىنى

تارقىتىدىغان مۇھىم ۋاستە ئەمەس.

**19. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى ئۆز ئارا كۆرۈشۈش ياكى قۇچاقلىششتەك ئادەتتىكى ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تارقامدۇ؟**

ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بۇ ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇش، سىلاش، قۇچاقلاشتەك ئادەتتىكى ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تارقىمايدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشچە، ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان قان ۋە جىنسىي بەز سۇيۇقلۇقى، ئانا سۈتى قاتارلىق بەدەن سۇيۇقلۇقى بىلەن بىۋاستە قويۇق ئالاقىلىشىش ئارقىلىق تارقايدۇ.

**20. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى سۆيۈشۈش ئارقىلىق تارقامدۇ؟**

تەتقىقات ئارقىلىق ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بەزى كىشىلەرنىڭ شۆلگەي ياكى ئېغىز سۇيۇقلۇقىدا قىسمەن ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسىنىڭ بارلىقى بايقالغان بولسىمۇ، بىراق ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسىنىڭ سۆيۈش ئارقىلىق يۇقىدىغانلىقىغا تېخى تولۇق ئىسپات يوق. شۇنداقتىمۇ كېسەللىكنى كونترول قىلىش مەركىزى كىشىلەرنى ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى سۆيگەندە، قاتتىق سۆيۈشۈشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق سۆيگەندە ئېغىزدىن قان چىقىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ، ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش خەتىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**21. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش بىخەتەرمۇ؟**

ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بار ئائىلىلەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى قاچا-قۇچا، لۆڭگە، كارىۋات، يوتقان-كورپە، ئوبىرنى قاتارلىق ئۆي سەرەمجانلىرىنى بىرگە ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقمايدۇ. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ قېنى بىلەن ئۇچرىشىش خەتەرلىك. شۇڭا ساقال ئالغۇچ، چىش چوتكىسى قاتارلىقلارنى چوقۇم ئايرىم ئىشلىتىش كېرەك.

**22. ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن بىر مونچىغا چۈشۈش، بىر ئوبىرنىنى ئىشلىتىش بىخەتەرمۇ؟**

ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن بىر مونچىغا چۈشۈش، بىر ئوبىرنىنى ئىشلىتىش خەتەرلىك ئەمەس. ئەگەر ئەيدىز كىسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ قېنى ۋە جىنسىي بەز

سۈيۈقلۇقلىرى بىلەن بىۋاستە قويۇق ئالاقىلاشسىڭىز، ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى سىزگە يۇقىدۇ..

**23. يۆتەل ۋە چۈشكۈرۈش ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى يۇقامدۇ؟**

**زۇكام قاتارلىق بەزى كېسەللىكلەر يۆتەل ۋە چۈشكۈرۈش ئارقىلىق تارقايدىغان بولسىمۇ، بىراق ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى ئۇ يوللار ئارقىلىق تارقىمايدۇ.**

**24. پاشا ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسىنى تارقىتامدۇ؟**

**تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى پاشا ۋە باشقا ھاشارەتلەرنىڭ چېقىشى ئارقىلىق يۇقمايدۇ.**

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1- 新疆新闻网 www.tianshannet.com.cn
2- 中国新闻网 http://www.chinanews.com.cn
3- 天山网 www.tianshannet.com
4- 京报网 www.bjd.com.cn
5- 新疆卫生简报
6- 中央政府门户网站 www.gov.cn
7- 新华网 www.xj.xinhuanet.com
8. Central Asia-Caucasus Institute & Silk Road Studies Program. ISSN: 1653-4212 HIV/AIDS in Xinjiang: A Growing Regional Challenge; by Bates Gill & Song Gang
9. Listen, secrets! Issues and research by children affected by HIV/AIDS in Xinjiang and Yunnan, China Save the children www.savethechildren.org.cn
10. An evaluation of HIV Prevention Policies in China Paper prepared for the International Economic Development Program Ford School of Public Policy, University of Michigan
11. Xinjiang HIV/AIDS Prevention and Care Project by Kim Wheeler, Ni Mingjian, Chen Wei
12. World Health Organization http://www.who.int/en/